# شى جىنپىڭ ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ ھەم ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەيدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ، ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەيدۇ ھەم مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ باش تېمىسى «ئاسىيانىڭ مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇشى، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشى ۋە تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى» بولۇپ، ئېچىلىش مۇراسىمى، پاراللېل شۆبە مۇنبەر، ئاسىيا مەدەنىيەت كاتتا مەرىكىسى، ئاسىيا مەدەنىيلىك ھەپتىلىكى پائالىيىتىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن، چېتىلىدىغان ئالاقىدار پائالىيەت 110 تۈردىن ئارتۇق بولۇپ، ئاسىيا مەدەنىيلىكىنىڭ رەڭدار سېھرىي كۈچى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ چوڭقۇر ئاساسى تولۇق نامايان قىلىنىدىكەن.

شۈ لىن مۇنداق دېدى: يىغىنغا كامبودژا، گرېتسىيە، سىنگاپور، سىرى لانكا، ئەرمېنىيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى تەكلىپ قىلىندى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتنىشىدۇ. ئاسىيادىكى 47 دۆلەت ھەممە رايون سىرتىدىكى باشقا دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە، ئاقىللار ئامبىرى، تاراتقۇ، ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ۋەكىللەردىن بولۇپ جەمئىي 2000دىن ئارتۇق ئادەم يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە شۆبە مۇنبەرلەرگە قاتنىشىدۇ.

«يىغىن مەۋقەنى ئاسىياغا قويۇپ، دۇنياغا يۈزلىنىپ، ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى قاپلايدۇ، شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەرقايسى مەدەنىيلىككە ئېچىۋېتىلىپ، ھەممىنى قوبۇل قىلىدىغان، ئورتاق ئىلگىرىلەيدىغان مەدەنىيلىك ئىدىيەسىنى نامايان قىلىدۇ.» شۈ لىن مۇنداق دېدى: ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆھبىتى يىغىنىدىن ئىبارەت بۇ سۇپا ئارقىلىق، ئاسىيا ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ياراتقان مەدەنىيلىك نەتىجىلىرىگە يەنىمۇ ۋارىسلىق قىلىشنى ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوخشاش بولمىغان دۆلەت، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنى بۇ يىل 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرى، بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدىن كېيىن، جۇڭگو ئۆتكۈزىدىغان يەنە بىر مەيدان مۇھىم دىپلوماتىيە پائالىيىتى بولۇپ، بەلگە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە خەلقئارالىق كاتتا مەرىكە، ئۇ ئاسىيا ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇشى، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولۇپ، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش جەريانىدا ئورتاق ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

شۈ لىن مۇنداق دېدى: يىغىندا ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تونۇشى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملىنىش ئاساسىدا، مۇناسىۋەتلىك يىغىن ھۆججەتلىرى ئېلان قىلىنىدۇ، يىغىندا قولغا كەلتۈرۈلگەن مول نەتىجىلەر نامايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاراتقۇ، ئاقىللار ئامبىرى، ساياھەت، كىنو ـ تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قاتارلىق ساھەلەردە بىرقاتار كۆپ تەرەپلىك، ئىككى تەرەپلىك تەشەببۇس، كېلىشىملەر ئىمزالىنىدۇ، بىر تۈركۈم مۇھىم، زور تۈر نەتىجىلىرى ۋە تەتقىقات دوكلاتلىرى ئېلان قىلىنىدۇ، يىغىن نەتىجىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشقا تۈرتكە بولىدىغان كونكرېت ئەمەلىي تەدبىرلەر چىقىرىلىدۇ.

# ئاپتونوم رايون قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش بويىچە نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش خىزمىتى دوكلات يىغىنى ئاچتى

**تۆت ئوبلاست، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى دوكلات قىلدى**

**ئىككى ۋىلايەت، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى سۆھبەتكە چاقىرتىلدى**

مۇخبىرىمىز **لىياڭ لىخۇا**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **جاڭ گوفېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش بويىچە 21 ـ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قايتما ئىنكاس پىكرىگە ئاساسەن، 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش بويىچە نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش خىزمىتى دوكلات يىغىنى ئېچىپ، ئىنتىزام، قائىدىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، مەسئۇلىيەت بېسىمىنى يەتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرى خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشتا كۈچلۈك بولمىغان، پوزىتسىيەسى پاسسىپ، مۇجمەل بولغان، قىلىدىغاننى قىلمىغان، ئاستا ئىش قىلغان، قالايمىقان ئىش قىلغان، ساختا ئىش قىلغان، قارا كۈچلەر بولسىمۇ يوقاتمىغان، رەزىل كۈچلەر بولسىمۇ يوقاتمىغان، «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» بولسىمۇ زەربە بەرمىگەن، دېلو بولسىمۇ تەكشۈرمىگەن، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق قىلغانلارنىڭ سۆھبەتكە چاقىرتىشقا تېگىشلىكلىرىنى چاقىرتىش، تەنقىدلەشكە تېگىشلىكلىرىنى تەنقىدلەش، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قول سېلىپ يىپ ئۇچىنى چوڭقۇر قېزىپ، سىياسىي ـ قانۇن ئورگانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، چىرىكلىك بار بولسىلا جەزمەن تەكشۈرۈش، «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» بار بولسا جەزمەن زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈشى؛ سىياسەتنى توغرا ئىگىلەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، دەل جايىدا، پۇختا بىر تەرەپ قىلىشى؛ تىپىك دېلولارنى ۋاقتىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئاشكارىلاپ، دېلو ئارقىلىق ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى پۇختا تۇتۇپ، دېلو تەكشۈرۈپ بېجىرىشنىڭ ماھىيەتتىن تۈزەش رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك.

يىغىندا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئۈرۈمچى شەھەرلىك، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش بويىچە نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش خىزمىتى ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك، قومۇل شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار خىزمەتتە ساقلانغان مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى چوڭقۇر ئانالىز قىلدى.

# مۇقىملىقنى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى پۇختا ئىگىلەپ، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاساسىي قاتلامدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاممىنى يوقلىدى ھەم سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىڭتۇەننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، يېڭى دەۋردىكى بىڭتۇەننىڭ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، توغرا ئىگىلەپ، تەشكىلىي ئەۋزەللىكى ۋە سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مۇقىملىقنى قوغداش، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇقىملىقنى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش فۇنكسىيەسىنى ياخشى ئادا قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچكە ئايلىنىشنى تەكىتلىدى.

يۈ چۈەن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، داۋاملىق تۈردە تۈپكە، ئاساسقا، ئۇزاققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە كۈچەپ، تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مەمۇرىيەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلار ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا تۈرتكە بولۇشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. بىڭتۇەننىڭ جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى قوللاش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، بىڭتۇەننىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە تۈزۈلمە ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئېچىش، جەنۇبىي شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تارىم داشۆسىنى تەكشۈرگەندە، يۈ چۈەن كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇناسىۋەتلىك مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە بىڭتۇەن قۇرۇلۇشىغا كۈچەپ مۇلازىمەت قىلىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شىنجاڭنى سۆيىدىغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ تۆھپە قوشىدىغان سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى شى جۈن، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، پېڭ جياروي ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

# دىققەتنى «تۆت مۇھىم نۇقتا»غا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامرات رايونلارنىڭ مائارىپ سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك

**—— ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىرىنى چۈشەندۈردى**

**نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش . ئاپتونوم رايوننىڭ قەرەللىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا**

□ مۇخبىرىمىز رېن خۇا

مائارىپ دۆلەتنىڭ زور تەدبىرى. نۆۋەتتە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە، ئاخىرقى كۈچەش مەزگىلىگە كىردى. كېيىنكى باسقۇچتا، ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى نېمە؟ «مەجبۇرىيەت مائارىپىدا كاپالەت بولۇش»نى چۆرىدەپ، قايسى جەھەتلەردە خىزمەت سالمىقى زورايتىلىدۇ؟ كەسپىي مائارىپنىڭ نامراتلارنى يۆلەش جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا، ئاپتونوم رايون يەنە قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ؟ 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر لىيۇ يۈگۋاڭ بۇ مەسىلىلەرنى چۈشەندۈردى.

## ■ 2020 ـ يىلىغا بارغاندا، نامرات رايونلارنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈلىدۇ

2020 ـ يىلىغا بارغاندا، نامرات رايونلارنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈلۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يەسلى يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئۈچ يىللىق يەسلىگە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 80% ئەتراپىغا يەتكۈزۈلىدۇ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 95% ئەتراپىغا يەتكۈزۈلىدۇ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىغا كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 90%كە يەتكۈزۈلىدۇ، ئالىي مائارىپقا كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 40%كە يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي نىشانى.

لىيۇ يۈگۋاڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىز دىققەتنى «تۆت مۇھىم نۇقتا»غا مەركەزلەشتۈرىدۇ، يەنى دىققەتنى نۇقتىلىق رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئېغىر نامرات ناھىيە(شەھەر)لەر نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىغاندا مائارىپنىڭ ئالدىدا مېڭىشىغا، كەينىگە سۆرىمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ دىققەتنى نۇقتىلىق ئوقۇش باسقۇچىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىدا كاپالەت بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ دىققەتنى نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيالىشى، ئوقۇيالايدىغان بولۇشى، نامراتلىق سەۋەبىدىن ئوقۇشسىز قالماسلىقى، ئوقۇشتىن چېكىنمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ دىققەتنى نۇقتىلىق مەكتەپلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، يېزا ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلىرى، بولۇپمۇ ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق، نامرات رايونلارنىڭ مائارىپ ئوقۇتۇش سۈپىتى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلىدۇ.

لىيۇ يۈگۋاڭ مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن، بىز «تۆتنى كاپالەتلەندۈرۈش»نى ياخشى ئىشلەيمىز، يەنى ئوبيېكتنىڭ دەل جايىدا بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ھەرقايسى ئوقۇش باسقۇچىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ، سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەركەتچان باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز؛ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ـ كەنت ئوقۇتقۇچىلىرىنى تولۇقلاش ۋە تەربىيەلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ـ كەنت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەمىناتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز؛ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا ئوقۇشتىن قالغان ئوقۇغۇچى بولماسلىققا كاپالەتلىك قىلىپ، ئوقۇشتىن قېلىشنى تىزگىنلەش، ئوقۇشقا كاپالەتلىك قىلىش بويىچە بىرلەشمە كاپالەتلەندۈرۈش، بىرلەشمە تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز؛ مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، 2020 ـ يىلىغا بارغاندا، نامرات رايونلارنىڭ مائارىپ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، نامراتلىقنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىنى تۈپتىن توسۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

## ■ يېزا ـ بازار ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق كۈچەيتىلىدۇ

نامرات ئائىلىلەردىكى بالىلارنىڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئوقۇيدىغانغا مەكتەپ بولۇش، ئوقۇيالايدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ يادروسى.

«كېيىنكى باسقۇچتا، بىز مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشىنى مۇۋاپىق پىلانلاش، مەجبۇرىيەت مائارىپىدا ئوقۇشتىن قېلىشنى تىزگىنلەش، ئوقۇشقا كاپالەتلىك قىلىش بويىچە بىرلەشمە كاپالەتلەندۈرۈش، بىرلەشمە تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى ئاجىز مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، نامرات رايونلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىغا ئومۇميۈزلۈك كاپالەتلىك قىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى سۈپىتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستۈرىمىز» دېدى لىيۇ يۈگۋاڭ.

ئاپتونوم رايون يەنە يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىدىكى ئاجىز مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاش، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش قۇرۇلۇشى، «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تا مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، نىشانلىق ياردەم بېرىپ قۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ مەبلىغىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تېرىشچانلىق ـ ئىقتىسادچىللىق بىلەن مائارىپ باشقۇرۇش ۋە «نېمە كەم بولسا، شۇنى تولۇقلاش» پىرىنسىپى بويىچە، يېزا ـ بازارلارنىڭ ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، بارلىق مەجبۇرىيەت مائارىپىدىكى مەكتەپلەرنىڭ «20 تۈرلۈك تۆۋەن چەك تەلىپى»نىڭ ئاساسىي مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىغا يېتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## ■ كەسپىي مائارىپ بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سالمىقى زورايتىلىدۇ

كەسپىي مائارىپ ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتىن كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تۇتاشتۇرۇشقىچە بولغان ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىر ئۇچى مائارىپقا، يەنە بىر ئۇچى كەسىپكە تۇتىشىدۇ.

ئاپتونوم رايون «دۆلەتنىڭ كەسپىي مائارىپ ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كەسپىي مائارىپ نىسبىتى تۆۋەنرەك رايونلاردا كەسپىي مائارىپ بايلىقىنى نۇقتىلىق كېڭەيتىپ، نوپۇسى كۆپرەك ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇشىنى، نوپۇسى ئازراق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بىر كەسپىي مەكتەپ ياكى تەربىيەلەش ئاپپاراتىنى ياخشى باشقۇرۇشىنى قوللاپ، نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرقى ئالاھىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ بىرەر ماھارەتنى ئىگىلىشىنى قوللاپ، تىرىكچىلىك قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ.

لىيۇ يۈگۋاڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاپتونوم رايون يەنە كەسپىي مائارىپ بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، كەسپىي مائارىپنىڭ «قوش تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش» رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كەسپىي مائارىپىغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش پىلانىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، «ۋاكالىتەن باشقۇرۇش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش» «ۋەزىپە بويىچە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش» قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كەسپىي مائارىپىغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنىڭ ئومۇميۈزلۈك قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردۇ.